

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ) 1999 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا كۆرگەزمە ئىدارىسىنىڭ 126 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا، 2010 ـ يىللىق دۇنيا كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق جۇڭگو 2010 ـ يىللىق دۇنيا كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. 2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسى رەسمىي باشلاندى. شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسى 41 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا كۆرگەزمىسى، بۇ، دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزگەن ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك دۇنيا كۆرگەزمىسى، شۇنداقلا بىرىنچى قېتىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلگەن رويخەتكە ئالدۇرۇش تۈرىدىكى دۇنيا كۆرگەزمىسى.

شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسىنىڭ باش تېمىسى «شەھەر، تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ». قوشۇمچە باش تېمىسى: شەھەر كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى، شەھەر ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، شەھەر پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، شەھەر مەھەللىلىرىنى قايتا قۇرۇش، شەھەر بىلەن يېزا ـ كەنتلەر ھەمتۈرتكە بولۇش. يىغىن بەلگىسىنىڭ نۇسخىسى خەنزۇچە خەت «世» ۋە رەقەم «2010»دىن تەركىب تاپقان، يېشىل رەڭ ئاساسىي رەڭ قىلىنغان. قوت بەلگىسى خەيباۋ. دۇنيا كۆرگەزمىسى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېچىلغاندىن تارتىپ 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يېپىلغانغىچە بولغان 184 كۈن ۋاقىت ئىچىدە، 246 دۆلەت، خەلقئارا تەشكىلاتتىن كەلگەن كۆرگەزمىگە قاتناشقۇچى تەرەپلەر نادىر، كۆركەم كۆرگەزمە، مۇنبەر، ئويۇن قويۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شەھەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، «چۈشىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، خۇشال ـ خۇرام جەم بولۇش، ھەمكارلىق»تىن ئىبارەت دۇنيا كۆرگەزمىسى ئىدىيەسىنى جانلىق ئىزاھلىدى. 73 مىليون 80 مىڭ ئادەم قېتىم جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئېكسكۇرسىيەچى دۇنيا كۆرگەزمىسى تارىخىدىكى يېڭى رېكورتنى ياراتتى. شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسى بىر نۆۋەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك، قالتىس، ئۇنتۇلغۇسىز دۇنيا كۆرگەزمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، غەلىبىلىك ھالدا دۇنيا كۆرگەزمىسى تارىخ بېتىگە يېزىلدى.

شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش، ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، كۆرگەزمە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بارلىق خادىملار دۆلەتكە شەرەپ كەلتۈرىدىغان ۋەتەننى سۆيۈش روھى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى، ئىتتىپاقلىشىش ـ ھەمكارلىشىش كوللېكتىپىزملىق روھى، ئېھتىياتچان، ئىلمىي ئەمەلىي ئىشلەش روھى، قالتىس بولۇشقا ئىنتىلىدىغان يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسىپنى قەدىرلەشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەۋج ئالدۇرۇپ، شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 100 يىللىق دۇنيا كۆرگەزمىسى ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى، دۇنياغا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 5000 يىللىق شانلىق مەدەنىيىتىنى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلدى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلدى، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ئۆزگە ئىشىنىش، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇردى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

ئۇرۇشتا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن، پاراسەتلىك ھەم جاسارەتلىك ـــ لى دا

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى خاۋ) شەنشى ئۆلكىسى مىيشيەن ناھىيەسى خېڭچۈ بازىرى خېڭچۈ كەنتىدىكى لى دانىڭ كونا تۇرالغۇسى ئالدىدىكى مەيداندا، جاڭجۈن لى دانىڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيىپ، يىراققا نەزەر سېلىپ تۇرغان ھەيكىلى بار. شۇ جاينىڭ «قەلەمدە جاڭ زەيدىن، ئەلەمدە لى دادىن ئۆگىنىش»تەك ئادەم تەربىيەلەش ئىدىيەسى كىشىلەرنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا يول ئاچقان شاڭجياڭ لى داغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

لى دانىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

لى دا 1905 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىسى مىيشيەن ناھىيەسى خېڭچۈ بازىرى خېڭچۈ كەنتىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان. كېيىن فېڭ يۈشياڭنىڭ غەربىي شىمال ئارمىيەسى 2 ـ ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيەدە پەيجاڭ، لىيەنجاڭ بولغان.

1931 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، لى دا نىڭدۇ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1932 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىدە لىيەنجاڭ، شى سەنمۇجاڭى، جۈن سەنمۇ باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، جۈنتۇەننىڭ سەنمۇجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، خۇنەن ـ جياڭشى سوۋېت رايونىنىڭ «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشىغا قاتناشقان، خۇنەن ـ خۇبېي ـ سىچۇەن ـ گۈيجوۋ سوۋېت رايونىنى قۇرۇشقا ۋە ئۇزۇن سەپەرگە قاتنىشىپ، 2 ـ دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ قىزىل 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ سەنمۇجاڭى، غەربكە ياردەم بېرىش ئارمىيەسىنىڭ سەنمۇجاڭى بولغان.

پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، لى دا 8 ـ ئارمىيە 129 ـ شى سەنمۇ باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، شى سەنمۇجاڭى بولغان. 1943 ـ يىلى قوشۇمچە تەيخاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولغان. سەنشى ـ خېبېي ـ خېنەن، جەنۇبىي خېبېي، تەيىۋ قاتارلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلىرىنى قۇرۇشقا قاتناشقان، لىيۇ بوچېڭ قاتارلىقلارغا ھەمكارلىشىپ، شېنتۇلىڭ، شياڭتاڭپۇ، سەنشىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى «توققۇز يول بويىچە قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش، سىۋۇ، شېلىن قاتارلىق جەڭلەر ۋە 100 تۈەن چوڭ ئۇرۇشنى تەشكىللىگەن، قوماندانلىق قىلغان. لى دا يەنە لىننەن، داۋچىڭ ۋە ئەنياڭ قاتارلىق جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلغان.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، لى دا سەنشى ـ خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن ھەربىي رايونىنىڭ سەنمۇجاڭى بولۇپ، تەيخاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمىغا قوماندانلىق قىلغان. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لى دا شاڭداڭ، خەندەن جېڭىگە قاتناشقان، قوماندانلىق قىلغان. ئەينى چاغدا گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 8 ـ جۈنىگە بېرىپ، جۈنجاڭ گاۋ شۇشۈن بىلەن بۇ قىسىمنىڭ ھەققەتكە قايتىش ئىشلىرىنى مەسلىھەتلەشكەن. 1946 ـ يىلى سەنشى ـ خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن دالا ئارمىيەسىنىڭ سەنمۇجاڭى بولغان. 1947 ـ يىلى لىيۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭغا ھەمكارلىشىپ قوشۇننى باشلاپ دابيېشەنگە يۈرۈش قىلغان. 1948 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەربىي رايونى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دالا ئارمىيەسىنىڭ سەنمۇجاڭى، 2 ـ دالا ئارمىيەسىنىڭ سەنمۇجاڭى، قوشۇمچە ئالاھىدە ئەسكەرلەر زۇڭدۈيىنىڭ سىلىڭيۈەنى، جېڭۋېيى بولغان. خۇەيخەي جېڭىدىن كېيىن، دەريادىن ئۆتۈش جېڭى ۋە غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا قاتناشقان، تەشكىللىگەن، قوماندانلىق قىلغان.

لى دا پاراسەتلىك ھەم جاسارەتلىك بولۇپ، ئۇرۇشتا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن، ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ۋە خەلق ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لى دا غەربىي جەنۇب ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە سەنمۇجاڭى بولغان، كېيىن قوشۇمچە يۈننەن ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولۇپ، غەربىي جەنۇب رايونىدىكى گومىنداڭنىڭ قالدۇق قۇراللىق كۈچلىرى ۋە باندىتلارنى يوقىتىش ھەم شىزاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان، رەھبەرلىك قىلغان. 1953 ـ يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمىنىڭ سەنمۇجاڭى بولغان. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، لى دا دۆلەت مۇداپىئە مىنىسترلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىسترى، ئازادلىق ئارمىيە مەشىق باش نازارەت بۇسىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى، قوشۇمچە پىلان بۇسى، رېۋىزىيە بۇسىنىڭ بۇجاڭى، مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1955 ـ يىلى شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.

1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، لى دا بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

ئىنقىلابىي ئەجدادلارنى خاتىرىلەش، ئەۋلادلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، لى دانىڭ ئانا مەكتىپى خېڭچۈ بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ نامى لى دا باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن، مەكتەپنىڭ ئىچىگە جياڭجۈن لى دا خاتىرە ئۆيى قۇرۇلغان ھەم جياڭجۈن لى دانىڭ ئىنقىلابىي ھېكايىلىرىدىن مەكتەپ دەرسلىكى تۈزۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ۋە دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلغان. خېڭچۈ بازىرى خېڭچۈ كەنتىگە جايلاشقان لى دانىڭ كونا تۇرالغۇسىمۇ شۇ جايدىكى قىزىل تەربىيە بازىسىغا ئايلانغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچى قېتىم گىرىم قىلغاندا ئۇ يىغلىغانىدى

دۇكاندا مۇخبىر بىر چەتتە بىلقىزنىڭ خېرىدارنىڭ قېشىنى ياساۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى. «ئالدىنقى قېتىم ئۆلگۈرەلمەي، باشقا دۇكاندا قاش ياساتقانىدىم، ئانچە ياقتۇرمىدىم، سىز قاش شەكلىمنى ئۆزگەرتىپ قويۇڭ.» خېرىدار ئامىنە مەمەتنىڭ سۆزلىرىدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. «مەن قايتا ئۆزگەرتىپ باقاي، سىز قېشىڭىزنى ھازىرقى شەكىل بويىچە سىزسىڭىزلا بولىدۇ» دېدى بىلقىز يېقىملىق ئاۋازدا.

ئامىنە بازاردىكى يەسلى ئوقۇتقۇچىسى، شۇنداقلا بىلقىزنىڭ دۇكىنىنىڭ كونا خېرىدارى. «بىلقىز خېرىدارلار بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتىدۇ، ھەقنىمۇ يۇقىرى ئالمايدۇ، يەنە دائىم ماڭا تېرە ئاسراش ساۋاتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مەن ئادەتتە تېرە ئاسراش، چاچ ياساشتا ئۇنى ئىزدەيمەن.» ئامىنە مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بىلقىز گۈزەللىكنى چۈشىنىدۇ، مودىنى چۈشىنىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئادەتتە گىرىم قىلىپ ياسىنىشىمدىكى «ئۆلگەم».

ئامىنە كەتكەندىن كېيىن، بىلقىز مۇنداق دېدى: «مەنمۇ گىرىم قىلىشنى تېخى ئەمدىلا ئۆگەندىم، بىرىنچى قېتىم گىرىم قىلغاندا، مەن يىغلاپ كەتكەنىدىم».

18 ياش چېغىدا، بىلقىز لوپ ناھىيەسىدىن كىرىيە ناھىيەسىنىڭ سىيەك يېزىسى ئورمان كەنتىگە ياتلىق بولۇپ كەلگەن، ئۇ ياتلىق بولغاندا نىقابلىق كىيىم كىيىپ يۈزىنى ئورىۋالغانىدى. «مومام ‹ياۋا ئاخۇن›، مەن ئۇنىڭ تەسىرىگە زور دەرىجىدە ئۇچراپ، ئىدىيە جەھەتتە بارغانسېرى ئەسەبىيلىككە پېتىپ كەتكەنىدىم» دېدى بىلقىز.

تويدىن كېيىن، مىجەزى غەلىتە بىلقىز باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىدى، بەزىدە ئېرى ئابدۇلئەزىز بىلەن بازارغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى چىققاندا، ئۆزىنى مەھكەم ئورىۋالاتتى. بىر قېتىم بىر سودىگەر ئابدۇلئەزىزدىن: ئۇ سىنىڭ ئاپاڭمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئابدۇلئەزىز ھەم ئوڭايسىزلاندى، ھەم خاپا بولدى، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن خوتۇنىدىن چۈمبەلنى ئېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. «مېنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇم بار ئىدى، لېكىن چۈمبەلنى ئېلىۋەتسەم ‹جەننەت›كە كىرەلمەسلىكتىن قورقاتتىم، بىز دائىم مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن جېدەللىشىپ قالاتتۇق» دېدى بىلقىز.

كېيىن بىلقىز دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ، تەرسالىشىپ كەتتى، ئېرى سېتىۋېلىپ كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى، مەيلى مايلىق يېمەكلىك بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، «مۇسۇلمانچە»مۇ دەپ سورايتتى، ئۇ يەنە جاھىللىق بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرىغا «خەنزۇلار ساتقان نەرسىلەرنى سېتىۋالماڭلار» دەيتتى. 2017 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بىلقىز ئېرىنىڭ نەسىھەتى بىلەن كىرىيە ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىشكە تىزىملاتتى، مۇئەللىمنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

«مەكتەپتە مەن بىرىنچى قېتىم گىرىم قىلىپ باقتىم.» ئەينەكتىكى چىرايلىق ئۆزىنى كۆرگەندە، بىلقىز ھەر خىل ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. بۇ، قەلب دەرۋازىسى ئېچىلغاندىن كېيىنكى شادلىق يېشى ئىدى.

تەربىيەلىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ دۇكان ئاچتى

«قانۇن ئۆگىنىش ئارقىلىق مەن ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم، ئەگەر ئىزچىل مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم، مەن بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ، باشقىلارغا بارغانسېرى ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۆزۈمنى نابۇت قىلىپلا قالماي، يەنە جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزەتتىم.» بىلقىز مۇنداق دېدى: دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مەن بېشىمغا ئورىۋالغان چۈمبەلنى ئېلىۋېتىپلا قالماي، يەنە «ئىدىيەمدىكى چۈمبەل»نىمۇ ئېلىۋېتىپ، يېنىكلەپ، ئوچۇق ـ يورۇق بولۇپ كەتتىم.

تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە، ئۇ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالدى. تەربىيەلىنىش ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ئۇ ئۇزۇن چېچىنى چاققان، قىسقا قىلىپ ياسىتىپ، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن يېڭى تۇرمۇشقا يۈزلەندى. «ئەينى چاغدا مۇئەللىم مەندىن دۇكان ئاچقۇم بار ـ يوقلۇقىنى، ئۆگەنگەن ماھارىتىم بىلەن ئىگىلىك تىكلىگۈم بار ـ يوقلۇقىنى سورىغانىدى. مېنىڭ بەكمۇ شۇنداق قىلغۇم بار ئىدى، لېكىن پۇل بولمىسا دۇكاننى قانداق ئاچقىلى بولىدۇ، مالنى قانداق كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟» بىلقىزنىڭ ئوتتەك سىناپ باققۇسى بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ناھايىتى تەستەك ھېس قىلدى.

شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، بۇلتۇر 3 ـ ئايدا بىلقىز كىرىيە ناھىيەلىك سانائەت باغچە رايونىدا بىر ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچتى، ئۇ ئېرى بىلەن بىرلىكتە نامرات ئائىلىدىن كەلگەن بىر قانچە خىزمەتچىنى يېتەكلەپ ئىگىلىك تىكلەشكە باشلىدى. 100 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان دۇكاننىڭ ئىجارىسى ھەقسىز بولۇپ، پەقەت سۇ، توك، پار پۇلى تۆلىسىلا بولاتتى. ئوقۇتقۇچىسى ئۇلارنىڭ مال كىرگۈزۈش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە ياردەملەشكەچكە، تىجارىتى ناھايىتى تېزلا ئىزىغا چۈشتى.

پۇل تاپقاندىن كېيىن، بىلقىزدا داۋاملىق دۇكان ئېچىش ئويى پەيدا بولدى، 2 ـ دۇكان، 3 ـ دۇكان ئارقا ـ ئارقىدىن تىجارەت باشلاپ، ئايرىم ـ ئايرىم شەنبە بازار بازىرى ۋە ئۇ تۇرۇشلۇق كەنتتە ئېچىلدى. ھازىر بىلقىز «پېشقەدەم ئۇستا»غا ئايلاندى، ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالدى، بىلقىز يەنە باشقا بىر قانچە شاگىرت يېتەكلىدى.

ئۆگىنىش مەزگىلىدىكى كۈنلىرىنى ئەسلىگەندە، بىلقىزنىڭ چېھرىدە كۈلكە جىلۋىلىنەتتى. «دەسلەپتە ئۆگىنىشكە باشلىغاندا ناھايىتى تەس تۇيۇلدى، بىر قولۇمدا تارغاق، بىر قولۇمدا قايچا تۇتۇپ، قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالماي قالاتتىم، سەللا جىددىيلەشسەم قايچا يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. تېرە ئاسراش ماھارىتىنى ئۆگىنىشمۇ ناھايىتى تەسكە توختىدى.» بىلقىز مۇنداق دېدى: بىر ھۈنەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك، ئىگىلىك تىكلەشتىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك، مەن داۋاملىق كۈرەش قىلىمەن.

بۇ يىل 6 ـ ئايدا، بىلقىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن سانائەت باغچە رايونىدىكى دۇكىنىنىڭ ئىجارىسى ھەقسىز بولۇش ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىلەندى. «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنىڭ ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان مۇشۇنداق ياخشى كۈن كەچۈرۈشۈمگە ياردەم بەردى، ھازىر دۇكاننىڭ تىجارىتى ناھايىتى ياخشى، ياردەم پۇلىدىن داۋاملىق بەھرىلىنىشىم بولمايدۇ. مەن يەنە كۆپلىگەن نامرات ئاھالىنى تىرىشىپ ئىشلەپ، تەڭ بېيىشقا يېتەكلەيمەن.» بىلقىزنىڭ سۆزلىرى چوڭقۇر مىننەتدارلىققا تولغانىدى.

يېزا ـ كەنتتىكى مودا «دارىن»

بۈگۈنكى كۈندە، بىلقىزنىڭ ئۈچ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىدا جەمئىي يەتتە خىزمەتچى بار. شەنبە بازار بازىرىدىكى دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسى رىزۋانگۈل مەتقۇربانىنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىل بولاي دېدى، ھەر ئايدا مۇقىم مائاشقا پىرسەنت ئايرىپ بېرىلگەن پايدا قوشۇلۇپ 2500 يۈەن ئەتراپىدا مائاش ئالالايدۇ. «ئائىلىمىز ئەسلىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى، ھازىر مېنىڭ كىرىمىمگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغان بولدۇق.» رىزۋانگۈل مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بىلقىز ماڭا ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويدى، يەنە مەندە مودا قارىشى تۇرغۇزدى.

ئەمەلىيەتتە، بىلقىزنىڭ ئائىلىسىمۇ ئىلگىرى ئوخشاشلا نامرات ئىدى، ئۇ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ماھارەت ئۆگىنىپ، ئىگىلىك تىكلەش يولى ئاچقاندىن كېيىن، ئۈچ دۇكاننىڭ ئايلىق كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا ماڭدى.

گۈگۈم چۈشكەندە، بىلقىز مۇخبىرلارنى باشلاپ سىيەك يېزىسىنىڭ ئورمان كەنتىدىكى يېڭى دۇكىنىنى كۆرگىلى ماڭدى. يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىسى ئوغۇلخان مەمەت دۇكاندا چېچىنى تۈگدۈرۈۋاتاتتى، چېچىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق تۈگۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. «كەچتە يىغىلىشقا بارامسىز؟» دەپ سورىدى مۇخبىرلار. «ياق، مەن چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈشكە ئامراق، بۇ چاچ پاسونىنى چاچ يېلىمى پۈركۈپ ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇشقا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ئوغۇلخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

گەرچە بۇ دۇكان كەنتتە ئېچىلغان بولسىمۇ، تىجارىتى بەك ياخشى ئىدى، ھەر كۈنى كەچ سائەت ئون يېرىملار ئەتراپىدا ئاندىن تاقىلاتتى. ھېيت ـ بايراملارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى، بەزىدە سەھەر سائەت 3 ئەتراپىدا ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى خېرىدارنى ئۇزىتاتتى.

مۇخبىر دۇكاندىكى ئىشكاپقا تىزىلغان ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش مەھسۇلاتلىرى، يۈرۈشلەشكەن تېرە ئاسراش ۋە رەڭلىك گىرىم بۇيۇملىرى، قوش قاپاق چاپلىقى، قول ئاسراش مەلھىمى، تىرناق لاكى قاتارلىقلارنىڭ تىزىلغانلىقىنى كۆردى، يەنە ئەرلەرنىڭ يۈز يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ۋە يۈز مايلىرىمۇ بار ئىدى، كىيىم ئىشكاپىدا ھەرخىل مۇراسىم كىيىملىرى تۇراتتى. «ئەمدىلا تىجارەت باشلىغاندا پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى ئەڭ ياخشى ئىدى، ھازىر چاچ بوياش، چاچ بۆدرە قىلىش مەھسۇلاتلىرى قىزغىن ئالقىشلىنىۋاتىدۇ. ئەرلەرمۇ گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، بولۇپمۇ توي مۇراسىمىدىن بۇرۇن يىگىتلەرمۇ تېرە ئاسراش يۈرۈشلۈكلىرىنى سېتىۋالىدىغان بولدى» دېدى بىلقىز.

زامانىۋى مەدەنىيلىك يېڭى كەيپىياتى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەۋج ئالدى، بىلقىز بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ گۈزەللىشىپلا قالماي، يەنە دېھقانلارنىڭ مودا قوغلىشىش ئېقىمى ئۇنىڭ سودىسىنى بارغانسېرى ياخشىلىدى. «ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىزنى تىزگىنلىۋالغانىدى، پۇقرالار نورمال كۈن كەچۈرەلمەيتتى، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشكە پېتىنالمايتتى، چىرايلىق پەرداز قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىگە چەك قويۇلغان بولۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلالمايتتى.» بىلقىز مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى ياخشى قەدىرلىشىمىز، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا ئەمدى يەنە ھەرگىزمۇ چۈشۈپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

ئورمان كەنتىنىڭ ئامانلىق مۇدىرى ئوبۇل تۇردى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بىلقىز كەنتتىكى مودا «دارىن». زامانىۋى يېزا ـ كەنتلەر مۇشۇنداق بېيىش باشلامچىسى ۋە مودا باشلامچىسىغا ئېھتىياجلىق، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە بىر تۈركۈم باشلامچىلار يېتىشتۈرۈلۈپ، يېزىلاردا ناھايىتى ياخشى ئۈلگىلىك رول ئوينىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)